دادىل ئوتتۇرىغا چىقىش

# شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ھەرقانداق سۇيىقەستنىڭ ھەممىسى ئەمەلگە ئاشمايدۇ

□ شىنجاڭ ئىسلام دىنى شۆيۈەنى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى پەزلەت سەمەت

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ كۈچلۈك ئەيىبلىشى، غەزىپى، لەنىتىنى قوزغىدى. شىنجاڭدا تۇغۇلغان، شىنجاڭدا ئۆسۈپ يېتىلگەن ئۇيغۇر مىللىتىدىن بولغان بىر پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن ئامېرىكىنىڭ جۇڭگو شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا قەستەن تۆھمەت قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە تېررورىزمغا زەربە بېرىش جەھەتتىكى تىرىشچانلىقىغا ھە دەپ قارا چاپلاپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى ئاساسسىز ئەيىبلەشتەك رەزىل قىلمىشىغا قارىتا كۈچلۈك غەزەپلىنىدىغانلىقىمنى، قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

ئۆتكەن بىر مەزگىلدە، «ئۈچ خىل كۈچ» شىنجاڭدا نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرىنى سادىر قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ئىنتايىن زور خەۋپ يەتكۈزدى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايىتىگە زەربە بېرىشنى تەلەپ قىلىش ساداسى ئىنتايىن كۈچلۈك بولدى. بۇ خىل كەسكىن، مۇرەككەپ ۋەزىيەتتە، ئاپتونوم رايون قانۇن بويىچە بىر قاتار تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، شىنجاڭنىڭ بىخەتەرلىك ۋەزىيىتىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتتى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان زەھەرلىك ئۆسمىنى يوقىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىناق، مۇقىم، گۈللەنگەن، تەرەققىي قىلغان ۋەزىيىتىنى بارلىققا كەلتۈردى، پۇقرالارنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىماسلىقىغا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھىمايىسى ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى، شۇنداقلا خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى، پايدىلىق تەجرىبىلەرنى توپلىدى. ھالبۇكى، ئامېرىكا تەرەپنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، كۆز بويامچىلىق قىلغانلىقىنى كۆڭلىدە يامانلىق ساقلىغانلىق، رەزىللىكتە چېكىگە يەتكەنلىك دېيىشكە بولىدۇ.

شىنجاڭ جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. شىنجاڭ تۇپرىقىدا تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان ھەر مىللەت قېرىنداشلار پارتىيەنىڭ قۇياش نۇرىغا چۆمۈلۈپ، جاسارەت بىلەن جان تىكىپ ئىشلەپ، بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ گۈزەل شىنجاڭنى ئورتاق ئېچىپ گۈللەندۈردى. ھازىرقى شىنجاڭدا پۇقرالار خاتىرجەم ياشاۋاتىدۇ، ھەرقايسى مىللەتلەر ئىتتىپاق ـ ئىناق، تۈرلۈك ئىشلار كۈنسېرى يۈكسىلىۋاتىدۇ، توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى بىلەن تولۇق قاپلاندى، جەنۇبىي شىنجاڭ ئۈچ يىللىق يەسلى مائارىپى ۋە 12 يىللىق ئۇل مائارىپ بىلەن تولۇق قاپلاندى، ھەر يىلى ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇش، ئەمىن ئۆيى ياردەم تولۇقلىمىسى قاتارلىق بۇ كۆرگىلى بولىدىغان، تۇتقىلى بولىدىغان ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرى تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا بىرمۇبىر ئەمەلىيلەشتى، ھەر مىللەت ئامما ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتنىڭ نەتىجىلىرىدىن ئورتاق بەھرىلەنمەكتە، تەستە قولغا كەلگەن بەختلىك تۇرمۇشنى ئورتاق قوغدىماقتا.

«ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، مەن گۇما ناھىيەسىدىكى يېزىلارنىڭ قىياپىتى ۋە دېھقان ئاممىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىدا يۈز بەرگەن خۇشاللىنارلىق ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، بىزنىڭ كەنتىمىزدىمۇ گۈزەل يېزا ـ كەنت قۇرۇلۇشى قانات يايدۇرۇلدى. ھازىر مەن تۇرۇۋاتقان كۆكتېرەك يېزىسىنىڭ بەلقۇم كەنتىگە كىرگەندە، رەتلىك، پاكىز دېھقان ھويلىلىرىنىڭ گىرەلىشىپ كەتكەنلىكىنى؛ مەيلى غول يول بولسۇن، ياكى كوچا يوللىرى بولسۇن ھەممىسىنىڭ ئاسفالتلاشتۇرۇلغانلىقىنى، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە رەتلىك كۆكەرتىش ئورمىنى بارلىقىنى؛ كەڭرى كەنت مەدەنىيەت مەيدانىنىڭ كەنت ئاھالىلىرىنىڭ شادىمان كۈلكە ـ پاراڭلىرى بىلەن تولغانلىقىنى خۇشاللىق بىلەن كۆرگىلى بولىدۇ... 71 ياشلىق پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى بۇمەريەم روزى خۇشال ھالدا مۇنداق دېدى: «كەنتىمىزدە بۇ بىرقانچە يىلدا ئۆزگىرىش بەك چوڭ! ئىلگىرى ئىشىكتىن چىقساق ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى ئۈستىبېشىمىز توپىغا مىلىنىپ كېتەتتى، يامغۇر ياغقان كۈنلىرى ئاياغلىرىمىز پاتقاققا مىلىنىپ كېتەتتى، كېرەكسىز نەرسىلەر ھەممە جايغا دۆۋىلىنىپ قويۇلاتتى، ئەخلەتلەرنى ھەممە جايدا كۆرگىلى بولاتتى. ھازىر ياخشى بولدى، يول قاتتىقلاشتۇرۇلدى، يەنە يول چىراغلىرى ئورنىتىلدى، ئەخلەت ساندۇقلىرى سەپلەندى، مەدەنىيەت مەيدانى بار بولدى، دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسالدى مەزگىلىدە بىز يەنە مەيداندا ئۇسسۇل ئوينايمىز. تۇرمۇشىمىز ھەققەتەن بارغانسېرى ياخشىلىنىۋاتىدۇ».

مەن ئىلگىرى دائىم ناھىيەدىكى كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ ئىلگىرى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغان، قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپ جىنايى قىلمىشى بار ئاشۇ تەربىيەلەنگۈچىلەرنى يوقلايتتىم. تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە، ئۇلار دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى، قانۇن بىلىملىرى، كەسپىي ماھارەت ئۆگىنىپ، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەربىيەسىنى قوبۇل قىلدى. دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، كەنت ئاھالىسى نۇرئەخمەت مەخمۇت ئىلگىرى خوتۇنىنى نىقابلىق كىيىم كېيىشكە مەجبۇرلىغانىدى. ئۆگىنىش، تەربىيەلىنىشكە قاتناشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قانۇن ئېڭى كۈچىيىپ، نېمىنىڭ قانۇنلۇقلۇقى، نېمىنىڭ قانۇنسىزلىقىنى بىلىۋالدى، يەنە ياغاچچىلىق ماھارىتىنى ئۆگەندى. ھازىر، ئۇ تەربىيەنى تاماملاپ كەنتكە قايتىپ كەلدى، ئۇ مۇنداق دېدى: «ئۆگىنىش ئارقىلىق مەن ھەق ـ ناھەقنى، ئاق ـ قارىنى بىلىۋالدىم. ھازىر مەن بىر ئۆيي جاھازىلىرى زاۋۇتىدا ئىشلەپ، ھەر ئايدا 3000 يۈەن كىرىم قىلىمەن، تۇرمۇشۇم بارغانسېرى ياخشىلىنىۋاتىدۇ. تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى مېنى قۇتقۇزۇۋېلىپ، ماڭا يېڭى تۇرمۇش يولى ئېچىپ بەردى».

بەلقۇم كەنتى مۇقىم، ئىتتىپاق بولدى، گۈللىنىپ راۋاجلاندى، بۇ ئۆزگىرىشلەرنى يۇرتداشلار كۆزى بىلەن كۆرۈپ، كۆڭلىدە خۇش بولۇپ، بەختلىك تۇرمۇشنى بەس ـ بەستە ئالقىشلىدى. كەنتتە يەنە كەنت تارىخى سارىيى قۇرۇلدى. كەنت ئاھالىسى غۇجىمەمەت ھوشۇر ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «كەنت تارىخى سارىيىدا كەنتىتىكى يېڭى ـ كونا ئۆزگىرىشلەر نامايان قىلىنغان سۈرەتلەرنى كۆرگەزمە قىلىپ، ئەۋلادلارغا ئىلگىرى بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنىڭ قانداقلىقى، ھازىرقى تۇرمۇشىمىزنىڭ يەنە قانداقلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇشنى ئۈمىد قىلىمەن. ياشلارنىڭ بۇنىڭدىن ئىلھام ئېلىپ، ياخشى كۈنلەرنىڭ پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتىدىن كەلگەنلىكىنى بىلىشىنى، ھازىرقى تەستە قولغا كەلگەن بەختلىك تۇرمۇشنى قەدىرلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن».

پاكىت مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرى ھەققانىي تەدبىر بولۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھىمايىسى ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى. ھازىر، شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى، تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا ئىناق، گۈللەنگەن مەنزىرە بارلىققا كەلدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلاندى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى بارغانسېرى كۈچەيدى، شىنجاڭ تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ.

پارتىيەلىك بىر كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىنى قەتئىي ھىمايە قىلىمەن، مەۋقەنى ئۆز خىزمىتىگە قويۇپ، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىمەن، قەتئىي كەسكىن ھالدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىپ، كەنت ئاھالىلىرىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىپ ھاللىق جەمئىيەتكە ئاتلىنىشقا، باياشات، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشكە يېتەكلەپ، ئامېرىكا تەرەپنىڭ ئىغۋاگەرچىلىك قىلىشى، تۆھمەت قىلىشىغا قارىتا ئەڭ كۈچلۈك قايتۇرما زەربە بېرىمەن!

قەلب ساداسى

# ئىللىق قۇياش نۇرىدا ياشاش ھەقىقەتەن ياخشى

□ ئاقتۇ ناھىيەلىك تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى گۈلزار ئابدۇرۇسۇل

مېنىڭ ئىسمىم گۈلزار ئابدۇرۇسۇل، بۇ يىل 29 ياشقا كىردىم، ئۆيۈم ئاقتۇ ناھىيەسىدە. ھازىر مەن بىر تورت دۇكىنىدا ئىشلەيمەن، ھەر كۈنى ناھايىتى خۇشال ئۆتىمەن. مېنىڭ ئىلگىرى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ زەھەرلىشىگە چوڭقۇر ئۇچرىغانلىقىمنى كىم ئويلىسۇن.

2015 ـ يىلى يازدا، مەن «دوستۇم»نىڭ ئۆيىگە ئوينىغىلى بارغاندا، ئۇنىڭ زوراۋانلىق، تېررورلۇق سىنلىرى، سۈرەتلىرىنى كۆرۈۋاتقانلىقىنى بايقىدىم. «دوستۇم» يان تېلېفونىدىكى زوراۋانلىق، تېررورلۇق سىن ۋە سۈرەتلەرنى ماڭا يوللاپ بەردى، دەسلەپتە مەن بوش ۋاقىتلىرىمدا كۆردۈم، بارا ـ بارا زوراۋانلىق، تېررورلۇق سىنلىرى ۋە سۈرەتلىرىنى كۆرۈش مېنىڭ كۈندىلىك ئادىتىم ۋە چوقۇم قىلىدىغان ئىشىمغا ئايلاندى. مەن ئۆزۈم كۆرۈپلا قالماي، يەنە توختىماي ئەتراپىمدىكى دوستلىرىم ۋە ساۋاقداشلىرىمغا يوللاپ بەردىم ھەم تەسىراتلىرىمىزنى بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلدۇق ۋە ئورتاقلاشتۇق. مەن زوراۋانلىق، تېررورلۇق سىنلىرىغا غەرق بولدۇم، كېيىنىشىم، تۇرمۇش ئادىتىم، سۆز ـ ھەرىكىتىم، ئىدىيەم ھەممىسىدە غايەت زور ئۆزگىرىش بولدى.

كېيىن مەن يەنە دوستلىرىمغا كۆپ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق سىنلىرىدا كۆرگەن دىنىي ئەسەبىيلەرنىڭ سۆزلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارغا ھۆكۈمەتنىڭ گېپىنى ئاڭلىماسلىقنى، ھۆكۈمەت تارقاتقان ياردەم تولۇقلىمىسىنى رەت قىلىشنى، «كاپىر»لار بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلماسلىقنى ئېيتتىم. ھەتتا ئاكام توي قىلغاندا، مەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم، دوستلىرىمنىڭ توي مۇراسىمىدا ئۇسسۇل ئوينىشىنى، ناخشا ئېيتىشىنى توستۇم. ئاكام مەن بىلەن سىردىشىپ، يان تېلېفونۇمدا نۇرغۇن زوراۋانلىق، تېررورلۇق سىنلىرى، سۈرەتلەرنىڭ ساقلانغانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتى ۋە ماڭا مۇنداق دېدى: «تېلېفونىڭىزدا قانداقسىگە بۇنداق نەرسىلەر بولىدۇ؟ سىز بۇ نەرسىلەرنى تارقىتىشنىڭ قانۇنغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى بىلمەمسىز؟» شۇ چاغدا ئاكامنىڭ نەسىھەتىگە زادىلا قۇلاق سالمىدىم، ئاكام تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن ماڭا خىزمەت ئىشلىدى. ئاكامنىڭ ھەمراھلىقىدا، مەن كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە ئۆگىنىشكە كەلدىم.

تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە يېڭى كەلگەندە، ئوقۇتقۇچىلار مەن بىلەن قايتا ـ قايتا پاراڭلاشتى، كىچىك ۋاقتىمدىن باشلاپ، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغدىكى ئىشلار، تۇرمۇشتىكى ئىشلار، خۇشال، قىزىقارلىق ھېس قىلغان ئىشلار توغرىسىدا ئوقۇتقۇچىلار مەن بىلەن مۇڭداشتى، ئاستا ـ ئاستا ئۆزۈمنىڭ خۇشاللىقى ۋە كۆڭۈلسىز ئىشلىرىنى ئوقۇتقۇچىلارغا سۆزلەپ بېرىدىغان بولدۇم، مەيلى مەن قانداقلا قىيىنچىلىققا يولۇقاي، ئوقۇتقۇچىلار ماڭا ياردەم قىلىپ ھەل قىلىپ بەردى. مەن بۇنىڭدىن ئىنتايىن تەسىرلەندىم، دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى دەرسى ۋە قانۇن بىلىملىرى دەرسى ئۆتۈلگەندە، مەن ھەممىسىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدىم ھەم خاتىرە قالدۇردۇم، دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن، مەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوقۇتقۇچى ياكى ساۋاقداشلىرىمدىن ئۆزۈم چۈشەنمەيدىغان مەسىلىلەرنى سورىدىم. كەسپىي ماھارەت دەرسىدە مەن ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان تورت ياساش تېخنىكىسىنى تاللىدىم، تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن ئۆزۈم دۇكان ئېچىپ خوجايىن بولۇشنى ئويلىدىم.

بىر مەزگىل ئۆگىنىش ئارقىلىق ئىلگىرى ئۆزۈمنىڭ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملىنىپ، نادانلىق، بىمەنىلىك ۋە قاراڭغۇ دۇنياغا غەرق بولۇپ كەتكەنلىكىمنى تونۇپ يەتتىم. ھازىر، مەن ئۈنلۈك ئاۋازدا ئۆزۈمنىڭ ھەقىقىي ئويلىغانلىرىمنى ئېيتىمەن: تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىكى بىر يىلدىن ئارتۇق تەربىيەلىنىش تۇرمۇشى مېنىڭ بۇ ئۆمرۈمدىكى ئۇنتۇلغۇسىز ئەڭ گۈزەل ئەسلىمە بولۇپ قالدى. ئۇ يەردە بىلىمنىڭ تاۋلىنىشى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەلىمى ماڭا نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى، يەنە مىننەتدار بولۇشنى ئۆگىنىۋالدىم. مەن پۈتۈنلەي ئويغاندىم، «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە ئېلىپ كېلىدىغىنى پەقەت زىيان يەتكۈزۈش ۋە بالايىئاپەت، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتلا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنى كۆڭلىگە ھەقىقىي پۈكىدۇ، بىزگە بەختلىك، خاتىرجەم تۇرمۇش ئاتا قىلىدۇ.

تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىكى تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، مەن ئېرىم بىلەن بىللە سىرتقا چىقىپ ئىشلەپ پۇل تېپىشنى مەسلىھەتلەشتىم. مەن بىر تورتخانىدا ئىشلەپ، تىجارەت ئۇسۇلىنى ئۆگىنىپ، ئۆز ئالدىمغا دۇكان ئېچىش ئۈچۈن تەجرىبە توپلاشنى تاللىدىم. مەن ئۆز قەلبىمنى چىڭ ساقلاپ كۈنلىرىمنى ياخشى ئۆتكۈزىمەن، ھەرگىز «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ ئالدام خالتىسىغا قايتا چۈشمەيمەن.

# شىنجاڭنىڭ گۈللىنىش، تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرى پولاتتەك پاكىت

□ شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى خەلقئارا مائارىپ شۆيۈەنى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن يۈەنجاڭ كېرەم ئېلى

يېقىندا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى جۇڭگو تەرەپنىڭ كۈچلۈك قارشى تۇرۇشى ۋە كەسكىن سۆزلىشىشىگە قارىماي، ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى جاھىللىق بىلەن ماقۇللىدى. بۇ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشقانلىق. شىنجاڭدىكى بىر ئۇيغۇر زىيالىي بولۇش سۈپىتىم بىلەن، بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىمەن ۋە ئۇنى كۈچلۈك ئەيىبلەيمەن!

شىنجاڭ جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، جەمئىيەت مۇقىم، ئىقتىساد تەرەققىي قىلغان، مىللەتلەر ئىتتىپاق، دىنلار ئىناق، خەلق تۇرمۇشى ياخشىلانغان، خاتىرجەم ياشايدىغان چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى ياراتتى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئوغۇل ـ قىز پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش بولۇپ، ۋەتەننىڭ گۈللىنىش، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇپ، بەختلىك، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرمەكتە. ئىشىنىمەنكى، ھەربىر شىنجاڭلىقتىن شىنجاڭنىڭ ھازىرقى گۈللىنىشى ۋە تەرەققىياتىدىن پەخىرلىنىش ۋە ئىپتىخارلىنىش ھېس قىلمايدىغىنى يوق، تەستە قولغا كەلگەن بۇ خاتىرجەم تۇرمۇشنى قەدىرلىمەيدىغىنى يوق.

شىنجاڭ جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىنىڭ ئاساسىي جەڭ مەيدانى. ئۆتكەن بىر مەزگىلدە، شىنجاڭ تېررورىزم، ئەسەبىزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە چوڭقۇر ئۇچرىدى. تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1990 ـ يىلدىن 2016 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە، «ئۈچ خىل كۈچ» شىنجاڭ رايونىدا نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرىنى پىلانلاپ سادىر قىلىپ، نۇرغۇنلىغان بىگۇناھ ئاممىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، نەچچە يۈز جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىسى خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغان، مال ـ مۈلۈك زىيىنىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. «ئۈچ خىل كۈچ» مىللەت، دىنىي دەستەك قىلىپ، ئاممىنىڭ ساددا مىللىي، دىنىي ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ، دىنىي تەلۋىلىككە قۇترىتىپ، ھە دەپ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى تارقىتىپ، بارلىق زامانغا لايىق مەدەنىيەتنى ئىنكار قىلدى ۋە چەتكە قاقتى. 2015 ـ يىلى مەن «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىگە قاتناشقان مەزگىلدە، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ سىڭدۈرمىچىلىكىنىڭ ئاممىنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزگەنلىكىنى بىۋاستە ھېس قىلدىم. مەسىلەن: دېھقان ـ چارۋىچىلار يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسىنى ئۆگەنمەيتتى، تېلېۋىزور كۆرمەيتتى، رادىيو ئاڭلىمايتتى، كىتاب ئوقۇمايتتى؛ تويدا كۈلمەيتتى، ئۆلۈمدە يىغلىمايتتى؛ ئاياللار نىقابلىق كىيىم كىيەتتى؛ بىر قىسىم ئاممىنىڭ «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ تەھدىتى ئاستىدا، ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلىشىپ، مائارىپ، ئۆيلىنىشكە قول تىقتى، باشقىلارنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىغا ئارىلاشتى.

«ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ رېئال تەھدىتى ئالدىدا، شىنجاڭ بىر قاتار تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، ھەم قانۇن بويىچە زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بەردى، ھەم مەنبەدىن تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى. تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ پەيدا بولۇش، يامراش تۇپرىقى ۋە شارائىتىنى يوقىتىپ، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنىڭ كۆپ يۈز بېرىش، ئۈزۈلمەي يۈزبېرىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ياشاش ھوقۇقى ۋە تەرەققىيات ھوقۇقىغا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭ قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ، ئاشۇ دىنىي ئەسەبىزم بىلەن يۇقۇملانغان، قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنى تەربىيەلەپ قۇتقۇزدى. تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە ئۆگىنىش ئارقىلىق تەربىيەلەنگۈچىلەر قانۇن ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقىنى ئىگىلەپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش ماھارىتىنى ئۆگىنىپ، ئەسەبىي ئىدىيەنى تۈگەتتى. تەربىيەلەنگۈچىلەر تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىدە مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مۇقىم كىرىمگە ئىگە بولۇپ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈردى. نۆۋەتتە، شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى، تېررورلۇق پائالىيەتلىرى كۆپ يۈزبېرىش، ئۈزۈلمەي يۈزبېرىش ۋەزىيىتى ئۈنۈملۈك توسۇپ قېلىندى، جەمئىيەت ئامانلىقى ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى.

لېكىن ئامېرىكا تەرەپنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى يوققا چىقاردى، بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى نەزەرگە ئالمىدى، ئۇيغۇر مىللىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھەقىقىي ھېسسىياتىنى نەزەرگە ئالمىدى، بۇ، ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ئاماللار بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىناقلىقى ۋە مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇش رەزىل نىيىتىنى تولۇق ئاشكارىلىدى.

شىنجاڭ جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، بىز جۇڭگونىڭ پۇقراسى، شىنجاڭنىڭ ئىشلىرى پۈتۈنلەي جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى، ھەرقانداق تاشقى كۈچنىڭ ئارىلىشىش ھوقۇقى يوق. ھازىرقى شىنجاڭ تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىش، تەرەققىيات مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ، بۇ پولاتتەك پاكىت. شىنجاڭنىڭ چوڭ ياخشى ۋەزىيىتى تەستە قولغا كەلگەن، ھەر مىللەت خەلق ھەسسىلەپ ئاسرايدۇ، ھەسسىلەپ قەدىرلەيدۇ. مەن بىر مائارىپ خىزمەتچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، كاللامنى باشتىن ـ ئاخىر سەگەك تۇتۇپ، سىياسىي مەيدانىمنى باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇتىمەن، بارلىق بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرىمەن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قەتئىي قوغدايمەن، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قەتئىي قوغدايمەن. شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، ھەرقانداق تۆھمەت قىلىشنىڭ ھەممىسى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇيالمايدۇ؛ ھەرقانداق يالغان ـ ياۋىداق سۆزنىڭ ھەممىسى شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىش ـ ئىلگىرىلەش پاكىتىنى يوققا چىقىرالمايدۇ؛ ھەرقانداق كۈچنىڭ ھەممىسى شىنجاڭنىڭ گۈللىنىش، تەرەققىيات مۇساپىسىنى توسۇيالمايدۇ!

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان بوغما ھالەت مەسىلىلىرىنى ئەستايىدىل رەتلەپ، كۈچنى مۇجەسسەملەپ ئۆتكەللەرگە ھۇجۇم قىلىپ، مۇھىم نۇقتىلاردا بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئاپتونوم رايونىمىز ساياھەتچىلىكىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشى كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قار ـ مۇز ساياھىتى بايلىقى ئەۋزەللىكى ۋە قويۇق مەدەنىيەت ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى چوڭقۇر قېزىپ، خەلقئارا، دۆلەت ئىچى چوڭ نەزەرى بىلەن پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ قار ـ مۇز ساياھىتى كەسپىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئورۇنلاشتۇرۇپ، «قار ـ مۇز ساياھىتى+»غا زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، بىر تۈركۈم يەرلىك ئالاھىدىلىككە ۋە خاس سۈپەتلىك ماركىغا ئىگە، ساياھەتچىلەرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىدىغان خاس قار ـ مۇز ساياھىتى مەھسۇلاتلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ھەم ئەتىيازلىق ساياھەت پائالىيەتلىرىنى بالدۇر پىلانلاش كېرەك. ساياھەت قىلىپ مال سېتىۋېلىش، كۆڭۈل ئېچىش مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەشنى بېيىتىپ، كېچىلىك ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈپ، راۋاجلاندۇرۇپ، ساياھەت ئىستېمال كەسپ زەنجىرىنى ئۈزلۈكسىز ئۇزارتىش كېرەك. «شىنجاڭ سوۋغىسى»نى بازارلاشتۇرۇش مۇساپىسىنى تېزلىتىپ، بىر تۈركۈم خاس ساياھەت تاۋارلىرىنى سىجىل ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ساياھەت تەشۋىقات ماركېتىڭىنى زورايتىش كېرەك. خاسلىقنى چوڭقۇر قېزىپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ بىر تۈركۈم ئېسىل ساياھەت مەنزىرە رايونلىرى، مەنزىرە نۇقتىلىرىنى بەرپا قىلىپ، قاراتمىلىققا ئىگە جەنۇبىي شىنجاڭ ساياھەت رىغبەتلەندۈرۈش سىياسىتىنى تۈزۈپ، رايون ۋە بۆلەك ئايرىمىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭنىڭ ساياھەت تەرەققىياتىدا ئورتاق پايدا ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ساياھەت بازىرىنى تۈزەش ھەرىكىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، «كۈلۈمسىرىگەن شىنجاڭ» ساياھەت مۇلازىمىتىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ھەرىكىتىنى چوڭقۇر يولغا قويۇش كېرەك. ساياھەت سەمىمىيەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ساياھەت مۇلازىمىتى سۈپىتىنى ھەر تەرەپلىمە ئۆستۈرۈش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر مۇنداق تەلەپ قىلدى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار «بىر تاختا شاھمات» ئىدىيەسىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، خىزمەت بىرىكمە كۈچى شەكىللەندۈرۈپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىكنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى زورايتىپ، تىرىشىپ ساياھەتچىلىكنى شىنجاڭنىڭ مۇھىم تۈۋرۈك كەسپىگە ئايلاندۇرۇشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەت كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى ئەركىن تۇنىياز، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەت كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى تيەن ۋېن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.